# پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جەبرائىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە قىلىپ كېچىكىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچى پۇشۇپ سىرىتقا چىققاندا، جەبرائىل ئۇنىڭغا ئۇچراشتى، جىبرائىلغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىكىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلغان ئىدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام: «بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: جەبرائىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېلىشكە كېلىشىپ، ۋاقتى كەلگەندە جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كەلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ مەلائىكىلىرى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ» دېگەن ھالدا قولىدىكى ھاسىنى تاشلاپ، ئۇياق-بۇياققا قارىسا، كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا بىر ئىتنىڭ كۈچۈكى تۇرۇپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىت قاچان كىرىۋالدى؟» دېدى، مەن: بىلمەيمەن، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇپ، ئۇنى چىقارغۇزىۋەتكەندىن كېيىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، ساڭا قاراپ ئولتۇرسام كەلمىدىڭ» دېۋىدى، جەبرائىل: مېنى كىرىشتىن ئۆيۈڭدىكى ئىت توسۇپ قويدى، بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز، دېدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام] [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەرىشتىلەر پاك، شەرەپلىك، ئىززەتلىك، تاللانغان مەخلۇقاتلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئىت، ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ سۈرىتى بار ئۆيگە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئىت ۋە سۈرەتلەردىن ساقلاش ھارام بولىدىغانلىرى بارلىقى ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما ئوۋ ئىتلىرى، زىرائەت ئىتلىرى، چارۋىغا قارايدىغان ئىتلار، شۇنىڭدەك ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان گىلەم، ياستۇق قاتارلىق نەرسىلەردىكى سۈرەت بولسا ھارام ئەمەس، پەرىشتىلەر ئۇ سەۋەپلىك كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "كۆرپە-ياستۇقلاردىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۈرەتلەر بولسا، كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنى توغرا دەپ قارايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇنداق جايلارغا پەرىشتىلەر كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ"، پەتھۇل بارى 10-توم 382-بەت، تۆھپەتۇل ئەھۋەزى 8-توم 72-بەت، ئوچۇق ئىشىك ئۇچرىششى، 85- قېتىملىق ئۇچرىشش

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8950